# كېمىكى ئاللاھ يولىدا بىر نەرسىدىن ۋاز كەچسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشىسىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ

بارلىق ھەمدۇ- سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا، دۇئا ۋە سالاملار رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلەرگە بولسۇن!
شەھۋەتنىڭ نەپسىگە سۇلتان، قەلبكە ھاكىم بولىۋالىدىغان تەرەپلىرى بار. ئۇنى تاشلىغانلار قەدىرلىنىدىغان، ئەمما تاشلاپ يىراق كېتىش قىيىن بىر مەسىلە. بىراق، كىمكى ئاللاھدىن قورقسا، ئۆزىنى كونترول قىلالايدۇ، ئاللاھدىن يارىدەم سورىغانلار ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ... ئاللاھدىن باشقا بىرىنى خۇرسەنلىكىنى ئىزدەپ ئازغۇن ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنى تاشلىغانلار، ھەقىقەتەن بىر خىل روھىي بېسىم ھىس قىلىدۇ. ئەمما، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس ئۇ ئىشلاردىن ۋاز كەچكەنلەر بولسا، دەسلىۋىدە، ئۇنىڭ سەمىمى ياكى ئەمەسلىكىنى سىناش يۈزىسىدىن ئىمتىھانغا دۇچ كېلىپ، بىر ئاز قىيىنچىلىق ھىس قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا مۇئەييەن مۇددەتكىچە سەۋر قىلالىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بارلىق مۇشەققەتلىرىنى ھۇزۇر- ھالاۋەت سۇلىرى بىلەن سۇغىرىدۇ. ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن، ئۇلارغا يېقىنلىشىشتىن قانچىكى يىراقلاشقانسىرى، ئۇنىڭ ئەجرى ئېشىپ، بىرىلىدىغان ساۋاپ كۆپىيىپ بارىدۇ...

**ئاللاھ ئۈچۈن تاشلىغان ئىشلارغا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىشلارنى بەدەل قىلىپ بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ئۆلگىلىرى:**

1 - كىمكى، كىشلەردىن ھاجىتىنى سوراپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزمىسا، ، بارلىق تەلەپ، ئىلتىجالىرىنى يىگانە ئاللاھدىنلا سورىسا... ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قەلبىنىڭ ھۆرلىكى، نەپسىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىنسانلارغا ھاجىتى چۈشۈشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

2- كىمكى، ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان ئىشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرمەي، بارلىق

ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بوي سۇنسا، ئاللاھ ئۇنى ئىشەنچ ۋە رازىلىق بىلەن رىزىقلاندۇرىدۇ.

3-كېمىكى، كاھىن- سېھىرگەرلەرنىڭ قېشىغا بېرىشنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنى سەۋر، سەمىمى تەۋەككۇل ۋە تەۋھىدنىڭ قەلبىدە يەرلىشىشى بىلەن رىزقلاندۇرىدۇ.

4-كېمىكى، ئاللاھنىڭ باشقىسىدىن قورقۇشنى تاشلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ھەممە ئىشتىن خاتىرجەم قىلىپ، ئۇنىڭ قورقۇنچىسىنى تىنچلىق ۋە سالامەتلىككە ئايلاندۇرىۋېتىدۇ.

5-كېمىكى، دۇنياغا بېرىلىشنى تاشلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، قەلبىنى ھەممىدىن توق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مال- دۇنيا باش ئەگىپ، ئۆزلىگىدىن ئالدىغا كېلىدۇ.

6-كېمىكى، يالغاننى تاشلاپ، راستچىللىقنى دوست تۇتسا، ياخشىلىققا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سەمىمى سادىق بولۇپ سانىلىدۇ.

7-ھەقلىق بولغان تەقدىردىمۇ، تالاش- تارتىش قىلىشنى تاشلىسا، جەننەتتىن ئۇنىڭغا بىر ئۆي ھازىرلىنىدۇ ۋە رەقىبلەرنىڭ يامانلىقىدىن ئامان بولىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەت بولۇپ قالىدۇ.

8-كېمىكى، ساختىلىقنى، رىيانى تەرك قىلسا.. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە بەركەتلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ.

9- كېمىكى، ھارام قىلىنغان نەرسىلەرگە قاراشنى تاشلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىدە نۇر، يۈكسەكلىك ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەتنى يەرلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

10-كېمىكى، بېخىللىقنى تاشلىسا... ئۇنى كىشىلەر ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ ۋە جەننەتكە يېقىنلىشىدۇ. ئىچى سىقىلىش، غەم- غۇسسىلەردىن خالاس، پەزىلەتنىڭ يۈكسەك مەرتىبىلىرىگە ئورلەيدۇ.

11-كېمىكى، ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇغلۇق، ئۇنى تەرك قىلىپ، كەچۈرىۋەتسە،

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىنى كەڭ ۋە خۇشھاللىق بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدۇ.

12-ئۆزىنى چەكسىز راھەتلەندۈرىدىغان بىر ناچار سۆھبەتنى تاشلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا، ياخشىلىق ۋە پايدا- مەنپەئەت ئالغىلى بولىدىغان ئۇبدان ئادەملەر بىلەن سۆھبەتداش بولۇشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئۇ كىشى، بۇنىڭ بىلەن دۇنيا- ئاخىرەتلىك سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

13-كېمىكى، كۆپ تاماق يېيىشنى تاشلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى سېمىزلىك ۋە باشقا بارلىق كېسەللەردىن ئامان قىلىدۇ. چۈنكى، كۆپ يەپ، كۆپ ئىچكەن كىشى، كۆپ ئۇخلايدۇ-دە، كۆپ زىيان تارتىدۇ.

14-كېمىكى، غەزەپلىنىشنى تاشلىسا، ئۆزىنىڭ ئىززەت- نەپسىنى، ھۆرمىتىنى ساقلaيدۇ. كەچۈرۈم سوراش، پۇشايمان قىلىش خارلىقىدىن قوتۇلۇپ، تەقۋادالار قاتارىغا كىرىدۇ.

15-كېمىكى، باشقىلار توغرىسىدا يامان گۇمان قىلىشنى تاشلىسا، قەلبىنىڭ بىئارام، پىكرىنىڭ چېچىلاڭغۇ بولىشىدىن ئامان بولىدۇ. يامان گۇمان قىلىش، سۆيگۈنى ۋەيران قىلىپ، پاساتچىلىقنى چىللايدۇ.

16-كېمىكى، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە كۆز- كۆزچىلىكنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى كۆتىرىدۇ، پەزىلىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە شۆھرەت ئۇنىڭ ئايىغا ئاستىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولىدۇ.

17-كېمىكى، ئاتا- ئانىسىغا يامانلىق قىلىشنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياخشى پەرزەنتلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

18-كېمىكى، سىلە- رەھىم قىلىشنى تاشلاپ قويمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ رزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە نام نىشانىنى شەرەپلىك قىلىدۇ.

19-كېمىكى، شەھۋانى ئىشىق ۋە ئۇنىڭغا سەۋەپ بولىدىغان نەرسىلەرنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ... ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزىنىڭ سۆيگۈسى بىلەن بېيىتىدۇ.

20ـ كېيىنكى، ھورۇنلۇقنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا جانلىقلىق ۋە خىزمەت ئاتا قىلىدۇ. ھەممىنى ئۆرلىتىپ، ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان قىلىدۇ. ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ نەرسىگە ئېرىشىدۇ.